# 11586 - نىكاھلىنىش مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانىنى مۇكەممەل قىلىدۇ دېگەن سۆز توغرىسىدا

## سوئال

توي قىلغان كىشى دىنىنىڭ يېرىمىنى مۇكەممەل قىلدى، دېگەن سوز توغرىمۇ؟بۇنىڭ ئاساسى بارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىسلام پىرىنسى (سۈننەت)ئارقىلىق يولغا قويۇلدى، بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر، ئىنسان توي قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن نۇرغۇن ناچار ئىشلاردىن غالىپ كېلىدۇ، توي قىلىش ئىنسانىنىڭ كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **«ئى ياشلار گورۇھى! سىلەردىن توي قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلار توي قىلسۇن، ھەقىقەتەن توي قىلىش ئىنسانىنىڭ كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلايدۇ.»** [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ھاكىم ئۆزىنىڭ: "ئەلمۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ ياخشى-سالىھ ئايال ئاتا قىلغان كىشىنىڭ دىنىنىڭ يېرىمىنىڭ مۇكەممەل بولىشىغا ياردەم قىلدى، قالغان يېرىمىنى مۇكەممەل قىلىشتا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسۇن.»** [شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ: "ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب"نىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 1916- باشقا يول بىلەن ھەسەن بولغان دەپ كەلتۈرگەن].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.